2ـ قىسىم

# ئەيسا مەسىھ

## قۇرئاندىكى ئەيسا پەيغەمبەرگە ئائىت خاتىرىلەر

- ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى ئىبرانى تىلىدا ئەسلى ئاتىلىشى يەشۇئا ( Yeshua ) بولۇپ، مەنىسى «خۇدا قۇتقۇزىدۇ» دىگەنلىكتۇر. مۇھەممەد بۇ ئىسمنى خاتا ھالدا ئەرەپچە ئەيسا دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئەسلىدىكى ئىسمنىڭ بىرىنچى ھەرىپى «ي» نى كەينىگە سۈرۈپ، كەينىدىكى «ئا» ھەرپىنى ئالدىغا ئەكىلىپ تەتۈر ئوقۇيدۇ. مۇھەممەتنىڭ نىمە ئۈچۈن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمنى بۇنداق خاتا ئاتىغانلىقى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار. مەيلى قانداقلا بولسۇن، مۇھەممەد ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقى ئىسمنى بىلمىگەن.
- پاك قىز مەريەم خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئەيسانى تۇغۇدۇ.(قۇرئان 19:16_35 )
- قۇرئاندا باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ پاك قىز ئارقىلىق (دادىسىز) تۇغۇلغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرە يوق.
- قۇرئاندىكى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا ئائىت ھىكايە ئىنجىل بىلەن پەرقلىنىدۇ.
- قۇرئاندىكى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى ھىكايىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئەرەپ رايونىدا تارقىلىپ يۈرگەن ساختىا ئىنجىل ۋە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئائىت مىسىر رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن.

(「Infancy Gospel of Matthew」 or 「Birth of Mary and Infancy of the Savior」)

قۇرئاندا خاتىرلەنگەن ئەيسا پەيغەمبەر بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋتى

- ئاللا ئەيسانىڭ رەببىدۇر. (قۇرئان 3:51 ، 5:72،117 ، 19:36 ، 43:64 )
- ئەيسا ئاللانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن بىشارىتىدۇر. (قۇرئان 19:21 ، 21:91 ، 23:50 )
- ئەيسا ئاللادىن ئىنسانلارغا كەلگەن شەپقەتتۇر. (قۇرئان 19:21 )
- ئەيسا ئاللانىڭ پەيغەمبىرىدۇر. (قۇرئان 2:87،136 ، 4:157،171 ، 57:27 ، 61:6 )
- ئەيسا ئاللادىن كەلگەن كەلىمە سۆزدۇر، ئاللادىن چىققان روھتۇر. (قۇرئان 4:171 )

- ئاللانىڭ نەزىرىدە، ئەيسا ھەقىقەتەن ئادەم ئاتىغا ئوخشاشتۇر. (قۇرئان 3:59 )
- ئاللا خالىسا، ئەيسانى يوقىتىۋېتەلەيدۇ. (قۇرئان 5:17 )
- ئاللا ئەيساغا نۇرغۇن روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلىدۇ. (قۇرئان 2:87،253 ، 43:63 ، 61:6 )
- ئەيسا ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىسرائىللارغا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 3:49،50 ، 5:110 )
- ئەيسا بۆشۈكتە تۇرۇپلا ئادەملەرگە سۆزلەيدۇ. (قۇرئان 3:46 ، 5:110 ، 19:29،30 )

(بۇ ئايەتنىڭ مەنبىئى ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبىستاندا تارقىلىپ يۈرگەن ساختا ئىنجىل ۋە بىدئەت مەزھەپلەردىن كەلگەن)

- ئاللا ئەيساغا يېزىقچىلىق ۋە ئەقىل ئۆگىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلىدۇ. (قۇرئان 19:30 )
- ئەيسا لاي بىلەن بىر قۇش ياساپ ئۇنىڭغا پۈلەيدۇ، قۇشقا شۇھامان جان كىرىپ ئۇچىدۇ. (قۇرئان 3:49 ، 5:110 )
- قۇرئاندا ئەيسادىن باشقا بىرەر پەيغەمبەرنىڭ جانسىز نەرسىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلالايدىغانلىقى خاتىرلەنمىگەن.
- قۇرئاندا كۆپ قېتىم پەقەت ئاللالا ھاياتلىق ئاتا قىلالايدىغانلىقى دېيىلگەن، مەسىلەن ئۇ ئادەم ئاتىنىڭ لايدىن ياسالغان ھەيكىلىگە پۈلگەندىن كېيىن ئادەم ئاتىغا جان كىرىدۇ. (قۇرئان 15:29 ، 32:9 ، 38:72 )
- قۇرئاندا بۇدلار (ساختا ئىلاھلار) ھەتتا بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ دېيىلگەن. (قۇرئان 22:73 )
- ئەيسا قارغۇنىڭ كۆزىنى ئاچالايدۇ، ماخاۋ كېسىلىنى ساقايتالايدۇ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، باشقىلارنىڭ نىمە يىگىنىنى، ئۆيىدە قانداق يىمەكلىكلەرنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بىرەلەيدۇ. (قۇرئان 3:49 )
- ئەيسا ئاللادىن تىلەپ ئاسماندىن نازۇ-نىمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەيدۇ. (قۇرئان 5:114 )
- ئەيسا ئىنسانلارغا ئەقىل-پاراسەت ئېلىپ كەلگەن، شۇڭا ئىنسانلار ئۇنىڭغا بويسۇنىشى كىرەك. (قۇرئان 3:50 ، 43:63 )
- ئەيسا شاگىرتلىرىدىن ياردەم سورايدۇ (قۇرئان 3:52 ) ، ئەيسا ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان مەزگىلدە ئۇلارغا گۇۋاھ بولىدۇ. (قۇرئان 5:117 )

- ئەيسا توغرا دىنغا يىتەكلەيدۇ. (قۇرئان 42:13 )
- ئەيسا مەيلى قەيەردىلا بولمىسۇن بەختلىكتۇر. (قۇرئان 19:31 )
- ئەيسا ئانىسىغا كۆيۈمچان بولۇپ، ھېچكىمگە زوراۋانلىق قىلىپ باقمىغان. (قۇرئان 19:32 )
- ئەيسانىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئىككىلا دۇنيالىقتا يۈزى باردۇر، ئاللاغا يېقىندۇر. (قۇرئان 3:45 )

قۇرئاندا باشقا پەيغەمبەرلەر ئەيسا پەيغەمبەردەك بۇنداق يوقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولمىغان.

- ئاللا ئەيسانى ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا كۆتىرىدۇ. (قۇرئان 4:158 )

قۇرئاندا باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللا تەرىپىدىن ئۆز دەرگاھىغا كۆتۈرۈلگەن خاتىرە يوق.

- ئەيسا تىرىلىش ۋاقتىنىڭ بىشارىتىدۇر (قۇرئان 43:61 )

قۇرئاندا باشقا پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا بۇنداق دىيىلمىگەن.

- قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئەيسا بىلەن ئىنجىلدا بايان قىلىنغان ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە ئوخشاشلىقلار بار، ئەمما پەرقلەرمۇ كۆپ.

**ئەيسا مەسىھ، مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

- قۇرئاندىكى خاتىرىلەرنى ئاساس قىلغان تەقدىردىمۇ (گەرچە ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردە كەمتۈكلۈك ۋە خاتالىقلار مەۋجۇد بولسىمۇ)، ئەمما ئەيسا پەيغەمبەر يەنىلا مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەردىن زور پەرقلىنىدۇ.
- ئەيسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن تېخى نىكاھلىق بولمىغان پاك قىزدىن توغۇلىدۇ. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر بۇنداق مۆجىزىلىك ھالدا تۇغۇلمىغان.
- ئەيسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ كەلىمىسى(سۆزى)، خۇدادىن چىققان روھ دىيىلگەن. ئەمما مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى ئادەملەردۇر.
- پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرلا پاك ۋە گۇناھسىز دىيىلگەن. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان.
- ئەيسا پەيغەمبەر جانسىز نەرسىگە جان كىرگۈزىدۇ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەردە بۇنداق ئىقتىدار يوق.
- ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ بۇدۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئىككىلا دۇنيالىقتا يۈزى بولىدۇ (يوقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولىدۇ). مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر بۇنداق دىيىلمىگەن.

- ئەيسا پەيغەمبەر ئىنسانلارنىڭ تىرىلىش ۋاقتىدىكى بىشارەتتۇر. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئۇنداق ئەمەس.
- خۇدا ئەيسا پەيغەمبەرنى ئاسمانغا كۆتىرىپ ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ كىتىدۇ، دىمەك ئەيسا پەيغەمبەر 2 مىڭ يىلدىن بۇيان تاكى ھازىرغا قەدەر خۇدا بىلەن بىرگە تۇرماقتا. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر بۇنداق زور ئىلتىپاتقا ئېرىشكىنى يوق. مۇھەممەت ئۆلۈپ ھازىرمۇ قەبرىدە ياتماقتا.
- خۇدا ئەيسا پەيغەمبەرگە ئىشەنگەن ھەم ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان ئادەملەرنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە باشقا ئادەملەردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. (قۇرئان 3:55 )
- ئەيسا پەيغەمبەر قۇرئاندىمۇ «مەسىھ» دەپ ئاتالغان (قۇرئان 3:45، 4:157، 171، 172 ، 5:17، 72، 75 ، 9:30، 31). مۇھەممەت ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئۇنداق دەپ ئاتالمىغان.
(مەسىھ: تەۋرات ۋە زەبۇردا ئالدىن بىشارەت قىلىنغان، ئەرشتىن چۈشۈپ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاپ گۇناھ ۋە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغان سىرلىق بىر زات. گەرچە قۇرئاندىمۇ ئەيسا مەسىھ دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما مەسىھ توغرىلىق چۈشەنچە بىرىلمىگەن.)
- ھەتتا قۇرئانىنىڭ ئۆزىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەيسا پەيغەمبەر ھەر جەھەتلەردە باشقا پەيغەمبەرلەردىن ناھايىتى يوقۇرى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مۇھەممەتتىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

## مۇقەددەس كىتاپتىكى ئەيسا مەسىھكە ئائىت خاتىرىلەر

- ئەگەر ھازىرقى مۇسۇلمانلار قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلارنى ئېتىراپ قىلسا، ئىنجىلنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتى ۋە تەلىملىرى خاتىرلەنگەن مۇقەددەس كىتاپ ئىكەنلىكىنى قۇبۇل قىلسا، بىتەرەپلىمە قاراشلاردىن خالى ھالدا ئىنجىلنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ باقسا، ھەمدە ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھنى ئىنچىكە كۆزىتىش بىلەن بىرگە بۇ زات توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويلىنىپ باقسا، ئۇلار چوقۇم شۇنى كۆرۈپ يىتەلەيدۇكى، ئەيسا مەسىھ تارىختىكى ھىچقانداق بىر ئادەمگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ تەلىملىرى باشقا دىنى ئۇستازلارنىڭ تەلىملىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرىشى شۇنچە ئۆزگىچە ۋە ئاجايىپ بولۇپ، ئادەملەرگە ۋە جەمىيەتكە بەرگەن تەنقىدى ھەرقانداق دىنلاردىن كەسكىن، قويغان تەلىپىمۇ شۇنچە ئۇزۇل-كىسىلدۇر.
- ئەيسا دىگەن بۇ ئىسمىنىڭ ئىبرانى تىلىدىكى ئەسلى ئاتىلىشى يەشۇئا ( Yeshua ) بولۇپ، مەنىسى «خۇدا قۇتقۇزىدۇ» دىگەنلىكتۇر.
- ئەيسا مەسىھنىڭ يەنە بىر نامى «ئىمانوئىل» بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «خۇدا بىز

بىلەن بىرگە» دېگەنلىكتۇر. (يەشايا 7:14 ، ئىنجىل ـ مەتتا 1:23 )

- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ سۆزى، نۇرى، ھاياتلىق ئېلىپ كەلگۈچى. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 18 ـ 1:1)

- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىدىن پارلىغان نۇر، خۇدانىڭ تەبىئىتىنىڭ ھەقىقى ئوبرازىدۇر. (ئىنجىل ـ ئىبرانىلار 1:3 )

- خۇدانىڭ تەبىئىتىدىكى بارلىق مۇكەممەللىك، بارلىق ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدىدۇر. (ئىنجىل ـ كولوسىلىقلار 9،2:3 )

- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ قۇدرىتى، خۇدانىڭ پاراستى، خۇدانىڭ سىرىدۇر. (ئىنجىل ـ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 1:24 ، كولوسىلىقلار 2:2 )

- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ خىزمەتكارى سىياقىدا مەيدانغا چىقىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىكى بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. (ئىنجىل ـ ئەلچىلەر 26،3:13 ، 30،4:29 ؛ تەۋرات ـ يەشايا پەيغەمبەر 49،42،53،50 )

- خۇدا ئەيسا مەسىھتىن خۇرسەندۇر، ئۇ خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىردىنبىر كېلىشتۈرگۈچىدۇر. (ئىنجىل ـ مەتتا 3:17، ماركوس 1:11 ، لۇقا 3:22 ، تىموتىي بىرىنچى خەت 2:5 )

- ئەيسا مەسىھنىڭ جىسمانى جەھەتتىن ئاتىسى يوق بولۇپ، ئۇ مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ھامىلدار بولىدۇ، ئۇنىڭ غايىپتىن تۇغۇلىشى خۇدانىڭ مۆجىزىسىدۇر. (ئىنجىل ـ مەتتا 1:20 )

**ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ دۇنيادىكى چاغدا قىلغان ئىشلىرى ۋە تەلىملىرى**

- ئەيسا مەسىھ ئادەملەرگە تەربىيە بەرگەن، خۇش خەۋەر تارقاتقان، كىشلەرنىڭ تۈرلۈك كېسەللىرىنى داۋالىغان. (ئىنجىل ـ مەتتا 4:23 )

- ئەيسا مەسىھ : « ۋاقىت ـ سائەت يېتىپ كەلدى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى نامايەن بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭا توۋا قىلىڭلار، خۇش خەۋەرگە ئىشىنىڭلار! » ـ دەيدۇ. (ئىنجىل ـ ماركوس 1:15)

- ئەيسا مەسىھ ئۆزگىچە مىسال ۋە تەلىملەر ئارقىلىق تەۋرات قانۇنىنى تەستىقلايدۇ، ھەم خۇدانىڭ قانۇنىنىڭ تېخىمۇ يوقىرى ماھىيىتىنى جاكارلايدۇ. مەسىلەن ئۇنىڭ «تاغ ئۈستىدىكى تەلىملىرى». (ئىنجىل ـ مەتتا 5:7 )

- ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىغا، خۇددى مەن سىلەرگە مېھرى-مۇھەببەتلىك بولغاندەك، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارغا ئۆز ئارا مېھرى-مۇھەببەتلىك بولۇڭلار دەپ تەلىم بېرىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 13:34 ، 15:12 )

- ئەيسا مەسىھ جەلىلىيە ئۆلكىسىنىڭ كانا دېگەن يېرىدە سۇنى شاراپ (ئۈزۈم شەربىتىدىن ئىشلەنگەن بىر خىل ئىچىملىك) كە ئۆزگەرتىدۇ. بۇ ئەيسا مەسىھنىڭ تۇنجى مۆجىزىسىدۇر. (ئىنجىل-يۇھاننا 2:11 )

- ئەيسا مەسىھ نۇرغۇن كېسەللەرنى، جىن چاپلاشقانلارنى ساقايتىدۇ، قارىغۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ، ئاقساق-چولاقلارنى ماڭغۇزىدۇ، ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى پاكلايدۇ، گاسلارنىڭ قۇلىقىنى ئاچىدۇ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 8:28-32 ، 9:27-30 ، 11:5 ، ماركوس 7:37 ، لۇقا 5:12،13 ، 7:21،22 ، يۇھاننا 11:43،44 )

- ئەيسا مەسىھ ئىبادەتخانا مەسئۇلى يائىرنىڭ قىزىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدۇ. (ئىنجىل-ماركوس 5:35-42 )

- نائىن شەھىرىدىكى بىر تۇل ئايالنىڭ ئوغلىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدۇ. (ئىنجىل-لۇقا 7:11-17 )

- بەيتانىيا يېزىسىدىكى لازارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 11:1-45 )

- ئەيسا مەسىھ 5 نان ۋە 2 بېلىق بىلەنلا 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 14:15-21 ، ماركوس 6:30-44 ، لۇقا 9:10-17 )

- ئەيسا مەسىھ 7 نان ۋە نەچچە تال كىچىك بېلىق بىلەنلا 4000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 15:32-39 ، ماركوس 8:1-9 )

- ئەيسا مەسىھ سۇنىڭ ئۈستىدە ماڭىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 14:25 )

- ئەيسا مەسىھ دېڭىزدىكى بوران-چاپقۇننى توختۇتۇپ، دولقۇننى تىنجىتىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 8:23-27 ، ماركوس 4:39 ، لۇقا 8:22-25 )

(خۇدا بوراننى توختىتىشى بىلەن دېڭىز دولقۇنىمۇ تىنجىدى. - زەبۇر 107:29 )

- ئەيسا مەسىھ يەنە نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن (ئىنجىلدىكى تۆت پارچە خۇش خەۋەردە بۇلاردىن پەقەت بىر قىسمىلا خاتىرلەنگەن) ؛ ئىنجىلدا بۇ مۆجىزىلەرنىڭ خاتىرلىنىشى كىشىلەرگە ئەيسا مەسىھنىڭ ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا

ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. (ئىنجىل-يۇھاننا 20:30،31 )

- ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئوي-خىيالىنى بىلەلەيتى. (ئىنجىل-مەتتا 9:4 ، يۇھاننا 2:24،25 )
- ئەيسا مەسىھ ئازغان ئادەملەرنى قۇتقۇزغىلى، گۇناھنى تونۇغانلارنى چاقىرغىلى كەلدى. (ئىنجىل-لۇقا 19:10 ، مەتتا 9:13 ، لۇقا 5:32 )
- ئەيسا مەسىھ ئەرشتىن چۈشكەن، ھەم شاگىرتلىرى بىلەن نۇرغۇن ئېتىقاتچىلارنىڭ ئالدىدا ئاسمانغا كۆتىرىلگەن. ئەيسا مەسىھتىن باشقا ھىچقانداق بىر ئادەم ئەرشتىن چۈشكەن ھەم ئاسمانغا كۆتىرىلگەن ئەمەس. (ئىنجىل-يۇھاننا 3:13 ، 6:38 )
- دۇنيا ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇنلا ئەيسا مەسىھ خۇدا ئاتىسىنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن بەھرىمەن بولغان (ئىنجىل-يۇھاننا 17:5 ) ؛ ئۇ خۇدا ئاتىسىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى خۇدا ئاتىسى تەرىپىدىن تاللانغان ئادەملەرگە نامايەن قىلغان (يۇھاننا 17:6 ) ؛ ئۇ خۇدا ئاتىسىنىڭ نامى بىلەن بۇ دۇنياغا كەلگەن (يۇھاننا 5:43 ) ؛ ئۇ خۇدا ئاتىسى بىلەن ئەسلىدە بىر ئىدى (يۇھاننا 10:30 ) ؛ ئەيسا مەسىھنى كۆرگەنلىك خۇدا ئاتىنى كۆرگەنلىكتۇر، ئىنسان پەقەت ئەيسا مەسىھ ئارقىلىقلا خۇدا ئاتىنىڭ دەرگاھىغا بارالايدۇ (مەتتا 11:27 ، يۇھاننا 14:6،9،11 ) ؛ خۇدا ئاتىنىڭ ئۆزىمۇ ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يۇھاننا 5:37 ) ؛ خۇدا ئاتا نىمە قىلسا، ئەيسا مەسىھمۇ شۇنى قىلىدۇ (يۇھاننا 5:19 ) ؛ ئەيسا مەسىھنى ھۆرمەت قىلمىغانلىق ئۇنىڭ ئاتىسى خۇدانى ھۆرمەت قىلمىغانلىقتۇر (يۇھاننا 5:23 ) ؛ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلغانلىق خۇدا ئاتىغا ئۆچمەنلىك قىلغانلىقتۇر (يۇھاننا 15:22-24 ) ؛ خۇدا ئاتىدا بار بولغانىنىڭ ھەممىسى ھەم ئەيسا مەسىھنىڭكىدۇر (يۇھاننا 16:15 )
- ئەيسا مەسىھمۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتايدۇ (ئىنجىل-مەتتا 16:15-17 ، 26:63،64 ، لۇقا 22:70 ، يۇھاننا 5:17،18 ، 6:51 ، 8:23 ، 9:36،37 ، 10:33, 36-38 ، 13:13 ، 16:8 ، 17:1 ، 19:7 )
- ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنى تېخىمۇ مول ھاياتلىققا ئېرىشسۇن دەپ كەلگەن (ئىنجىل-يۇھاننا 10:10 )
- ئەيسا مەسىھ كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ (ئىنجىل-يۇھاننا 10:27،28 ) ؛ ئۇ ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگۈچى ۋە ھاياتلىق بەرگۈچىدۇر (يۇھاننا 11:25 ) ؛ ئۇ ئۆزى خالىغان كىشىگە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. (يۇھاننا 5:21 )
- ئەيسا مەسىھ ھاياتلىق بەرگۈچى ناننىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنلەر ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەر مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. (يۇھاننا 6:35 )

- ئەيسا مەسىھ دۇنيانىڭ نۇرىدۇر، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر قاراڭغۇلۇقتا قالمايدۇ، ئۇلار ھاياتلىق نۇرىغا مۇقەررەر ئېرىشىدۇ. (يۇھاننا 8:12 )
- ئەيسا مەسىھ ئىشىكتۇر، ئۇ ئارقىلىق كىرگەنلەر چوقۇم قۇتقۇزۇلىدۇ، ھەم مول نىمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. (يۇھاننا 10:9 )
- ئەيسا مەسىھ ياخشى قويچىدۇر، ياخشى قويچى ئۆزىنىڭ قويلىرى ئۈچۈن ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلالايدۇ. (يۇھاننا 10:11 )
- ئەيسا مەسىھ ھازىرمۇ ھاياتتۇر، ئۇ كەلگۈسىدە بۇ دۇنياغا يەنە كىلىدۇ. (ئىنجىل ـ ۋەھىلەر)
- پۈتۈن دۇنيا، پۈتكۈل مەۋجۇدات ئەيسا مەسىھكە بويسۇنىدۇ. (ئىنجىل ـ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:27،28 ، ئەفەسلىكلەر 1:10 ، ۋەھىلەر)
- ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ. (ئىنجىل ـ ماركوس 16:19 ، لۇقا 24:51 ، ئەلچىلەر 1:9 )
- ئەيسا مەسىھتىن باشقا ھېچكىم ئەرشتىن چۈشكەن ئەمەس. (يۇھاننا 3:13 )
- ئەيسا مەسىھ ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپ شانلىق تەختتە ئولتۇرىدۇ، ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالىدۇ. (مەتتا 19:28 ، 25:31 ، 22:44 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ تەختى مەڭگۈلۈكتۇر، سەلتەنىتى ئادىلدۇر. (ئىبرانىلار 1:8)
- ئەيسا مەسىھ قىيامەتتە قايتىپ كىلىدۇ (ئەلچىلەر 1:11 ، سالونىكا بىرىنچى 4:16 ، ئىبرانىلار 9:28 ، ۋەھىلەر 1:7 )
- ئەيسا مەسىھ پۈتۈن دۇنيانى سوراق قىلىدۇ (مەتتا 25:31،32 ، يۇھاننا 5:22 ) ؛ ئەيسا مەسىھنى رەت قىلغان، ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىغانلارنى، قىيامەت كۈنى، ئۇنىڭ سۆزلىرى سوراق قىلىدۇ. (يۇھاننا 12:48 )
- ئەيسا مەسىھ مەڭگۈ ھايات، ئۇنىڭ دۆلىتى مەڭگۈلۈكتۇر. (لۇقا 1:31،33 ، ۋەھىلەر 1:5،18 ، 11:15 ، 19:16 )
- ئەيسا مەسىھ بۇرۇن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە مەڭگۈ بار بولغان، شۇنداقلا ھەممىگە قادىر بولغۇچىدۇر. (ۋەھىلەر 1:8 )
- ئۇنىڭغا ئاسمان ـ زىمىندىكى بارلىق ھوقۇق بېرىلگەن (مەتتا 28:18 ) ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك سۆزى بىلەن پۈتكۈل كائىناتنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ (ئىبرانىلار 1:3) ؛ خۇدا بارلىق مەۋجۇداتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان (يۇھاننا 3:35 ) ؛ پۈتكۈل مەۋجۇدات ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ (كورىنتلىقلارI 15:27 ) .

- ئەيسا مەسىھ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك قۇتقۇزۇلۇش مەنبەسى بولدى. (ئىبرانىلار 5:9 )
- ئەيسا مەسىھ چەكسىز ھاياتلىق قۇدرىتى بىلەن مەڭگۈلۈك كاھىن بولدى. (ئىبرانىلار 7:16 )
- ئەيسا مەسىھ مەڭگۈ ھاياتتۇر، ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرىدۇ، ئۇ ئۆزى ئارقىلىق خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەن بارلىق ئادەملەرنىڭ قۇتقۇزىلىشى ئۈچۈن مۇراجەت قىلىدۇ. (رىملىقلار 8:34 ، ئىبرانىلار 7:25 )
- ئەيسا مەسىھ زامان ئاخىرغىچە ھەر دائىم ئۆز ئېتىقاتچىلىرى بىلەن بىرگە بولىدۇ. (مەتتا 28:20 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى شەيتاننىڭ قىلمىشلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈندۇر. (يۇھاننا بىرىنچى خەت 3:8 )

## ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى ياكى ئىلاھ دىگەنمۇ ؟

- يوقۇردا خاتىرلەنگەن نۇرغۇن ئايەتلەر، ئەينى ۋاقىتتا كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر) نى ياخشى بىلىدىغان يەھۇدىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى، ئىلاھ دەپ ئاتىغان بىلەن باراۋەر ئىدى. ئەيسا مەسىھ دەل مۇشۇ سەۋەپتىن يەھۇدىلار تەرىپىدىن قەستلىنىپ ئۆلتۈرىلىدۇ.
- ئەيسا مەسىھ «دانىيال پەيغەمبەر 7-باب 13-ئايەت» كە ئاساسەن ئۆزىنى ئىنسان ئوغلى دەپ ئاتايدۇ، بۇ ئەمىلىيەتتە ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى، ئىلاھ دەپ ئاتىغان بىلەن باراۋەر ئىدى.
- تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى، ئىلاھ دەپ ئاتىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق خاتىرلەنگەن. مەسىلەن، ئىنجىلدىكى مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 26:63،64 ، 27:43 ، ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر 14:61،62 ، لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 22:70 ، يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 9:35،37 ، 10:36 ، 19:7 قاتارلىق ئايەتلەر.
- ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىلارمۇ مۇنداق دىگەن: ئۇ خۇداغا تايىناتتى، ئەگەر خۇدا خالىسا، ھازىرلا كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزمىسۇنمۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەنغۇ. (ئىنجىل-مەتتا 27:43 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىمۇ ئۇنى ئىلاھ دەپ ئاتىغان. (ئىنجىل-يۇھاننا 1:1،2،18 ، 20:28 ، رىملىقلار 9:5 ، ئىبرانىلار 1:8 )
- ئەيسا مەسىھ ئەسلىدىنلا خۇدا بىلەن بىر ئىدى، پۈتكۈل دۇنيا ئۇ ئارقىلىق

يارىتىلغان. ئۇنىڭ ئۆزى دۇنيانى ياراتقان رەبدۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 10 ,4 ـ 1:1 ، 17:5 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 8:6 ، كولوسلىقلار 1:15،16،28 ) ؛ دۇنيا يارىتىلىشتىن بۇرۇنلا خۇدا ئاتا ئۇنى سۆيەتتى (يۇھاننا 17:24)؛ ئىبراھىم تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئۇ بارتى (يۇھاننا 8:58 ) .

## نىمە ئۈچۈن ئەيسا مەسىھ ئىلاھ قىلمايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ؟

- قۇرئان كىشىلەرگە مۇنداق تەسىر بېرىدۇ، پەقەت بىرلا تاللاش ئىمكانىيىتى بار: ئەيسا ياكى خۇدا ياكى ئادەم، ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككىلىسى بولىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئەيسا مەسىھنىڭ بىر ئادەم بولغانلىقى، ئۇنىڭمۇ ئادەملەر ئۇچرايدىغان تۈرلۈك تەبىئى چەكلىملەرگە (مەسىلەن، قانداشلىق، دۆلەت تەۋەلىكى، ئادىمى ھىسسىيات، جىسمانى ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا) ئۇچرايدىغانلىقىغا ئاساسەنلا ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلاھى تەبىئىتىنى ئىنكار قىلىدۇ.
- مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىمى بولسا: ئەيسا مەسىھ ھەم ئادەم ھەم ئىلاھ. ئەيسا مەسىھنىڭ يەر يۈزىدىكى قىسقىغىنە ھاياتىدا ئۇچرىغان ئىنسانىي چەكلىمىسىگە ئاساسەنلا ئۇنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. خۇدا ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك كالامىنى (سۆزىنى) ئىنسان ھالىتىدە يەر يۈزىگە ئەۋەتتى، خۇدانىڭ سۆزى مۇكەممەل ئادەم ئەيسا مەسىھ بولدى. ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ ئىلاھى قۇدرىتىدىن ۋاز كېچىپ ئىنسان بولۇپ ئارىمىزدا ياشىدى. شۇڭا ئۇ ئىنسانلىق سالاھىيىتى بىلەن خۇدا قىلىدىغان ياكى قىلالايدىغان ئىشلارغا ئىشتىراك قىلمىدى. ئۇ خۇدانىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان سىناق ۋە قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئەمما گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىدى. ئاخىرىدا ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەغدىم قىلىپ، مۇكەممەل قۇربانلىقنى بەردى.

## ئىنجىلنىڭ ئەيسا مەسىھ بىلەن خۇدا ئاتىنى ئايرىشى ئۇنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئىنكار قىلامدۇ ؟

- «ئىلاھ» دىگەن بۇ سۆز ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئاڭلىتالايدۇ، ئۇلار كونتېكست ۋە ئىشلىتىش ئورنىغا باغلىق. ئىنجىلدا بۇ سۆز ئادەتتە خۇدا ئاتىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس ئاتىدا بار بولغان ئورتاق ماھىيەتنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنجىل «ئىلاھ» دىگەن سۆز ئارقىلىق ئەيسا مەسىھنى ئىپادىلىگەندە، بۇ مەنەن جەھەتتىكى ئاتالغۇ بولۇپ، ئەيسا مەسىھتە ئىلاھى ماھىيەت ۋە بارلىق مۇقەددەس خاراكتېرنىڭ بارلىقىنى جەزىملەشتۈرىدۇ.

- ئىنجىل يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنىڭ 1ـ باب 1ـ ئايىتىدە «كالامنىڭ ئۆزى خۇدادۇر» دېيىلگەن. كالام خۇدانىڭ سۆزى دېگەنلىك بولۇپ، ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ كالامىدۇر.

- خۇدا ئاتىدا بار بولغان ئىلاھى خاراكتېرنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھتىمۇ بار. ئەمما ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنى ئىلاھ دەپ ئاتىغان چاغدا، گىرېكچە «ئىلاھ» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدا ئىنىق ئارتىكىل يوق بولۇپ، بۇ ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا ئاتىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەيسا مەسىھ مەڭگۈلۈك كالامدۇر، ئۇ دۇنيا ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇنلا خۇدا ئاتا بىلەن بىرگە بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە خۇدا بىلەن بىر ئىدى. دېمەك، ئەيسا مەسىھ ئەسلىدىنلا بار بولغان خۇدانىڭ كالامىدۇر، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئىلاھى ماھىيەت مەۋجۇد، ئەمما ئۇ شەخسلىك جەھەتتە خۇدا ئاتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

- ئىنجىلدىكى بەزى ئايەتلەر «ئىلاھ» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئەيسا مەسىھنىڭ تەبىئىتى ۋە ماھىيىتىنى سۈپەتلەپ، ئۇنى خۇدا ئاتا بىلەن باراۋەر قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەيسا مەسىھ بىلەن خۇدانى ئايرىش ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىدىكى پەرق بولماستىن بەلكى شەخسلىك جەھەتتىكى پەرقتۇر. يەنى، ئەيسا مەسىھ شەخسلىك جەھەتتە خۇدا ئاتا بىلەن پەرقلىنىدۇ، ئەمما ماھىيەت جەھەتتە خۇدا ئاتا بىلەن بىردۇر.

## قەدىمقى بىشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى

- ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە قىلغان ئىشلىرى تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىكى مەسىھ توغرىسىدا بېرىلگەن بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئۇ تەۋرات قانۇنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى روياپقا چىقاردى. (ئىنجىل ـ مەتتا 5:17 )

- بۇ خۇش خەۋەرنى خۇدا قەدىمقى زامانلاردا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق مۇقەددەس يازمىلاردا ۋەدە قىلغانىدى. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 1:2 )

- خۇدا ئالدى بىلەن ئادەم ئاتىغا ۋەدە قىلىدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىش 3:14، 15 )

- خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ۋەدە قىلىدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22:18 )

- خۇدا موسا پەيغەمبەرگە ۋەدە قىلىدۇ. (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 19ـ18:15 )

- خۇدا داۋۇت پەيغەمبەرگە، ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بىر قۇتقۇزغۇچىنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. (سامۇئىل پەيغەمبەر 7:16)

## كونا ئەھدىدىكى قۇتقۇزغۇچى مەسىھكە ئائىت بىشارەتلەر

| كونا ئەھدە | بىشارەت | ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھ |
|---|---|---|
| يەرەمىيا پەيغەمبەر 23:5 ، 33:14،15 ، ئەزەكىئال پەيغەمبەر 34:24 | قۇتقۇزغۇچى مەسىھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادىدىن چىقىدۇ. | ئىنجىل ـ مەتتا 1:17 ، ئەلچىلەر 13:23 ، ۋەھىيلەر 5:5، 22:16 |
| مىكا پەيغەمبەر 5:2 | مەسىھ بەيتلەھەمدە تۇغۇلىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 2:1،5،6 ، لۇقا 2:4 ـ 7 |
| يەشايا پەيغەمبەر 7:14 | ئۇ پاك قىزدىن تۇغۇلىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 1:18 ـ 21 |
| ھۇشىئا پەيغەمبەر 11:1 | ئۇ مىسىردىن قايتىپ چىقىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 2:13 ـ 15 |
| يەشايا پەيغەمبەر 40:3 ، مالاكى پەيغەمبەر 3:1 | بىر ئادەم چۆل جەزىرىلەردە ئۇنىڭ كېلىشى ئۈچۈن يول تەييارلايدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 3:1،2 ، ماركوس 1:7 ، يۇھاننا 1:29 ـ 34 |
| يەشايا پەيغەمبەر 42:1 | خۇدا ئۆزىنىڭ روھىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 1:18 ـ 21 ، لۇقا 3:22 |
| يەشايا پەيغەمبەر 9:1،2 | ئۇ جەلىلىيەگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 4:12 ـ 16 |
| يەشايا پەيغەمبەر 42:6 | ئۇ يات مىللەتلەرنىڭ نۇرى بولىدۇ | ئىنجىل ـ لۇقا 2:10 ، يۇھاننا 8:12 |
| زەبۇر 78:2 | ئۇ تەمسىل بىلەن سۆزلەيدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 13:35 |

| | | |
|---|---|---|
| يەشايا پەيغەمبەر 35:5 | ئۇ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ | ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنىڭ نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بايان قىلىنغان. |
| زېكارىياھ پەيغەمبەر 9:9 | ئۇ ئېشەككە مىنىپ يېرۇسالېمغا كىرىدۇ | ئىنجىل-مەتتا 9-21:1 ، لۇقا 19:35،36 ، يۇھاننا 16-12:12 |
| يەشايا پەيغەمبەر 44:6 ، 48:12 | ئۇ باش ھەم ئاخىردۇر | ئىنجىل-ۋەھىيلەر 1:17،18 ، 22:12،13،16،20 |

**ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھسىزلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشى**

ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر:

- قۇرئاندا ئەيسا پەيغەمبەر پاك، گۇناھسىز دەپ خاتىرىلەنگەن (قۇرئان 19:19 ) ، ئۇ بىر ياخشى ئادەم (قۇرئان 3:46 ) .
- ھەدىسلەردىمۇ ئەيسا پەيغەمبەر گۇناھسىز دېيىلگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:236 )
- ئىسلام دىنىدا، پەقەت مەريەم ئانا بىلەن ئەيسا پەيغەمبەرلا پاك گۇناھسىز بولۇپ، ئۇلار ئاللانىڭ بەلگىسى ( Ayatollah ) دەپ قارىلىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا پەقەت ئۇ ئىككىسىلا تۇغۇلغاندا يىغلىمىغان ئىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:506 ، 4:55:641 ، 6:60:3،71،236 )
- پەقەت ئاللالا گۇناھنى كەچۈرۈم قىلالايدۇ. (قۇرئان 3:135)

مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىمى :

- ئەيسا مەسىھ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان (يەشايا پەيغەمبەر 53:9 ؛ ئىنجىل-مەتتا 27:4 ، لۇقا 23:4،41،47 ، يۇھاننا 8:46 ، كورىنتلىقلارII 5:21 ، ئىبرانىلار 4:15 ، پېتروسI 2:22 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 3:5 ) ؛

ئۇ دائىم خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ (ئىنجىل-يۇھاننا 8:29 ) ؛ ئۇ خۇدا ئاتىسىنىڭ بارلىق سۆزىگە ئەمەل قىلىدۇ (يۇھاننا 8:55)

- دۇنيادىكى باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ، بارلىق پەيغەمبەرلەر جۈملىدىن مۇھەممەتمۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان. پەقەت خۇدالا گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ. بۇمۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.
- ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقوقى بار. (ئىنجىل-مەتتا 9:2،6 ، ماركوس 10-2:5 ، لۇقا 26-5:17 ، 7:48،49 ، يۇھاننا 8:11 )
- پەقەت خۇدالا گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلالايدۇ (ئىنجىل-ماركوس 2:7 ). ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقوقى بار، دېمەك بۇمۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.
- خۇدا ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدۇ (زەبۇر 103:3 )

### كرېست، ئۆلۈم ۋە تىرىلىش

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

- يەھۇدىيلار، ئۇلار ئەيسا مەسىھنى ئۆلتۈردى- دەيدۇ، ئەمما ئەمىلىيەتتە ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرمىدى، ئۇنى كىرستقىمۇ مىقلىمىدى، ئاللا ئەيسانى ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. (قۇرئان 4:157،158 )
- يوقۇرقى ئايەتتىن 3 خىل ئەھۋال كىلىپ چىقىدۇ

1. ئەيسا مەسىھ ئۆلمىگەن،
2. ياكى يەھۇدىيلار ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن،
3. ۋە ياكى، يەھۇدىيلار ئەمەس بەلكى پەقەت خۇدالا ئۇنىڭ ھاياتىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

ئەمما قۇرئاندا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكىگە ئائىت خاتىرلەرمۇ بار:

- ئەيسا ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، ئەھلى كىتاپلاردىن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بىرسىمۇ يوق ئىدى، قىيامەت كۈنى ئۇ ئۇلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (قۇرئان 4:159 )

● ئەيسا تۇغۇلغان كۈنى، ئۆلگەن كۈنى، تىرىلگەن كۈنىنىڭ ھەممىسىدە تىنچلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. (قۇرئان 19:15،33 )

يۇقۇرقى ئايەتلەر ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

● ئاللا ئەيسانىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئادەملەرنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئىشەنمىگەنلەردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. (قۇرئان 3:55 )

بۇ ئايەتمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

● ئەيسا ئۆلگەندىن كيىن، ئاللا ئادەملەرگە باشپاناھ بولىدۇ. (قۇرئان 5:117 )

بۇ ئايەتمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

قۇرئاندىكى يۇقۇرقى ئايەتلەرنىڭ مەنىسى مۇجمەل بولۇپ، تۈرلۈك مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار ئۇنى ھەرخىل ۋە ئۆزئارا زىددىيەتلىك چۈشەندۈرىدۇ. مەسلەن:

● بەزى مەزھەپلەر ئەيسا پەيغەمبەر كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلمىگەن، ئۇ ھايات چېغىدىلا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كىتىلگەن، ئاللا ئەيساغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئادەمنى ئەيسانىڭ ئورنىدا كىرستقا مىخلاپ ئۆلتۈرگۈزگەن دەپ چۈشەندۈرىدۇ (بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ئادەمنى ئەيساغا ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدا دەپ قارايدۇ) .

● كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار يۇقۇرقى چۈشەندۈرۈشنى قوبۇل قىلىدۇ.

● بۇ خىل چۈشەندۈرۈش پۈتۈنلەي پەرەز ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئەمىلىيەتتە ئۇ قەدىمقى بىدئەت مەزھەپ نوسدىلچىلارنىڭ داھىسى باسلىدنىڭ (Basilid ،مىلادى 120 ـ 180) رىۋايەتلىرى، شۇنىڭدەك كيىنكى دەۋرلەردە توقۇلۇپ ئەرەبىستان رايونىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن ساختا ئىنجىللار («ئەلچىلەرنىڭ ساياھىتى»، «پېتروسنىڭ خۇش خەۋىرى»، «يۇھاننا تەزكىرىسى»)، ۋە گىرىتسىيەلىك Docetists نىڭ بىدئەت تەلىملىرىدىن كەلگەن.

● ئەگەر بۇ چۈشەندۈرۈش توغرا بولسا، ئۇنداقتا، خۇدا ئۆزى ئەۋەتكەن ئەيسا پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن شاگىرتلار ۋە بارلىق ئېتىقاتچىلارنى 600 يىل ئالداپ، ئۇلارنى ئەيسانىڭ كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنى ئازاپ-ئوقۇبەت تارتقۇزۇپ ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلغۇزۇپ، 600 يىلدىن كيىن ئاندىن مۇھەممەت ئارقىلىق «ھەقىقى ئەھۋال» نى ئاشكارلىغان بولامدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ھەرگىزمۇ ھەققانى ئادىل خۇدانىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

- بەزى مۇسۇلمانلار ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىشىنى يالغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ.
- بەزى مۇسۇلمانلار، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تېنى ئۆلگەن، ئەمما روھى ئۆلمىگەن - دەپ چۈشەندۈرىدۇ. (قۇرئان 2:154 )
- بەزى مۇسۇلمانلار، پەقەت ئاللا ھايات-ماماتنى كونترول قىلالايدۇ، ئەگەر ئاللا ئىرادە قىلمىسا، ئادەملەرنىڭ ئەيسا پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ھوقوقى يوق-دەپ چۈشەندۈرىدۇ. (قۇرئان 8:17 ۋە ئىنجىل-يۇھاننا 19:11 گە ئاساسلانغاندا، بۇ چۈشەندۈرۈش ئىنجىلغا بىر قەدەر يېقىن كېلىدۇ)
- ئەھمەدىيە مەزھىپى (مىلادى 1879-يىلى پاكىستاندا بارلىققا كەلگەن، ئىسلام دىنىنىڭ بىر بىدئەت مەزھىپى، ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىتىراپ قىلىنمايدۇ، پاكىستان ھۆكۈمىتى ئۇلارنى مۇسۇلمان ئەمەس دەپ جاكارلىغان)، ئۇلار مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئەيسا پەيغەمبەر كىرستتا ئۆلمىگەن بەلكى ھوشىدىن كەتكەن، ئۇ سالقىن ۋە نەم بولغان قەبرە ئىچىدە ھوشىغا كېلىپ، ساقايغان. كېيىن شەرققە كېتىپ، پارىس، ئافغانىستانلاردىن ئۆتۈپ تاكى كەشمىرگىچە كەلگەن. ئۇ ئۇيەردە دىن تارقىتىپ، ئاخىرى سىلىناگاردا ۋاپات بولۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.
- ئىسلام دۇنياسىدا يەنە باشقا ھەرخىل چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بار.
- گەرچە يوقۇرقى ئايەتلەر توغرىسىدا ئوخشىمىغان چۈشەندۈرۈشلەر بولسىمۇ، ئەمما قۇرئان تۆۋەندىكى ئىككى نوقتىنى ئىنكار قىلمىغان. (بۇ ئىككى نوقتا مەسىھ ئېتىقاتىغا ماس كېلىدۇ)

  1. يەھۇدىلار ئەيسا پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان.

  2. ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئۆلۈشكە رازى بولغان.

- مۇسۇلمانلار كىرستتىكى قۇربانلىقنىڭ ھەقىقى ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كىرستقا مىخلانغانلىقىدەك پاكىتنى قۇبۇل قىلالمايدۇ.

ئىنجىلدىكى خاتىرىلەر:

- ئەيسا مەسىھ خۇش خەۋەر تارقىتىۋاتقان چاغدىلا ئۆزىنىڭ كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئالدىن بىشارەت بەرگەن. (ئىنجىل-مەتتا 12:40 ، 16:21 ، 17:23 ، 20:19،28 ، 26:27،28 ؛ ماركوس 8:31 ، 9:31 ، 10:34،35 ؛ لۇقا 9:22 ، 18:33 ؛

يۇھاننا 2:19 ، 3:14،15 ، 6:15،51 ، 10:11،15،17،18 ، 12:32،33 )

- ئەيسا مەسىھ ئىنسانلار ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى ئۆزى تاللىغان. (ئىنجىل ـ مەتتا 20:18،28 ، 26:39،53 ؛ لۇقا 9:22،44 ؛ يۇھاننا 10:11،17،18 ، 12:27 )
- ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دىگەچكە، يەھۇدىلار ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 19:7 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتە بەرگەن قۇربانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنجىلدا ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. (ئىنجىل ـ مەتتا 26:28 ؛ لۇقا 22:20 ؛ رىملىقلار 8:3،4 ؛ كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 5:21 ؛ تىموتى بىرىنچى خەت 2:5،6 ؛ تىتوس 2:14 ؛ ئىبرانىلار 2:17 ، 9:22،28 ، 10:5 ـ 10 ؛ پېتروس بىرىنچى خەت 2:24 ؛ يۇھاننا بىرىنچى خەت 2:2 ) .
- ئەيسا مەسىھ گۇناھسىز بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ ئادالىتىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، كىرستتا قۇربانلىق بېرىپ، بىزنىڭ گۇناھىمىزنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ گۇناھنى يۇيۇش قۇربانلىقى بولۇپ، ئۆزىنىڭ پاك قىنىنى ئاققۇزۇش ئارقىلىق، بىزنىڭ گۇناھىمىزنى يۇدى. بۇ گۇناھ ئادەم ئاتىدىن كەلگەن ئەسلى گۇناھ ۋە ھاياتىمىزدا ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ گەدىنىمىزگە يۈكلەنگەن گۇناھنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇپ، ئەرشنىڭ دەرۋازىسىنى بىز ئۈچۈن ئېچىپ بېرىدۇ، بىزنى ھەققانى ئادەم قىلىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ قۇتقۇزىلىشىدىكى بىردىنبىر چىقىش يولىدۇر.
- يەھۇدىلارنىڭ ئەيسا پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئەيسا پەيغەمبەرنى قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئەمەس دەپ قارىغان. (ئىنجىل ـ لۇقا 23:2 )
- مۇھەممەتنىڭ (ياكى قۇرئاندىكى ئاللانىڭ) ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بايانلىرى تولىمۇ مۇجمەل بولۇپ، گەرچە ئەيسانى مەسىھ دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما «مەسىھ» نىڭ ھەقىقى مەنىسىنى چۈشەنمىگەن.
- ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگىچە بولغان 40 كۈن ئىچىدە، ئېتىقاتچىلارغا كەم دىگەندە 10 قېتىم كۆرۈنگەن.
- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى مەجدەللىك مەريەمگە كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ ماركوس 16:9 ـ 11 ، يۇھاننا 20:11 ـ 18)
- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى قەبرىدىن قايتقان ئاياللارغا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ مەتتا 28:8 ـ 10 )

- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن پېتروسقا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ لۇقا 24:34؛ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:5 )

- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى كەچقۇرۇن ئېمائۇس يېزىسىغا كېتىۋاتقان ئىككى شاگىرتىغا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ لۇقا 32 ـ 24:13 ، ماركوس 16:12 )

- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى كەچتە شاگىرتلىرىغا كۆرۈندى، بۇ چاغدا شاگىرت توماس يوق ئىدى. (ئىنجىل ـ ماركوس 16:14 ؛ لۇقا 43 ـ 24:36 ؛ يۇھاننا 25 ـ 20:19 )

- ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى كەچتە شاگىرتلىرىغا يەنە بىر قېتىم كۆرۈندى، بۇ چاغدا توماسمۇ بار ئىدى. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 31 ـ 20:26 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:5 )

- ئەيسا مەسىھ جەلىلىيە كۆلىنىڭ بويىدا 7 شاگىرتىغا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 21 )

- ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرى ۋە 500 دىن ئارتۇق ئېتىقاتچىغا بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ مەتتا 20 ـ 28:16 ، ماركوس 18 ـ 16:15 ،كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:6 )

- ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ بىر قورساق قېرىندىشى ياقۇپقا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:7 )

- ئەيسا مەسىھ زەيتۇنتاغدا ئاسمانغا كۆتىرىلگەندە شاگىرتلار ۋە باشقا نۇرغۇن ئېتىقاتچىلار بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. (ئىنجىل ـ ماركوس 16:19،20 ، لۇقا 53 ـ 24:44 ، ئەلچىلەر 12 ـ 1:3 )

ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنە 3 ئادەمگە كۆرۈندى.

- ستىفان چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئەيسا مەسىھ ئاسماندا تۇرۇپ ئۇنىڭغا كۆرۈندى. (ئەلچىلەر 60 ـ 7:55 )

- پاۋلۇس مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى تۇتۇپ جازالاش ئۈچۈن دەمەشىقكە كېتىۋاتقان يولدا ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا كۆرۈندى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتتى. (ئەلچىلەر 17 ,8 ـ 9:3 ، 15 ,14 ,11 ـ 22:6 ، 19 ـ 26:12 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 9:1 ، 15:8 ) ؛

- ئەيسا مەسىھ كېيىنمۇ پاۋلۇسقا كۆرۈندى. كورىنت شەھرىدە كۆرۈندى (ئەلچىلەر 18:9،10)؛ ئىرۇسالىمدا كۆرۈندى (ئەلچىلەر 23:11)؛ باشقا جايلاردىمۇ كۆرۈندى (كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 4 ـ 12:1 )

- يۇھاننا پاتمۇس ئارىلىدا قاماقتا تۇرغان مەزگىلدە ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا كۆرىنىدۇ ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ۋەھىي قىلىدۇ. (ئىنجىل-ۋەھىلەر)
- ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى «مەن ئۆلگەن ھەم تىرىلدىم» دەيدۇ. (ۋەھىلەر 1:18 )
- ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ، زور قۇدرىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ (ئىنجىل-رىملىقلار 1:4 ) ، كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىشەنچىلىك ئىسپات قالدۇرىدۇ (ئەلچىلەر 17:31 ) ، بۇلار بىزنىڭ ھەققانى دەپ ئاتىلىشىمىز ئۈچۈندۇر. (رىملىقلار 4:25 )
- ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، ئۆلۈپ تىرىلىدۇ، بۇلار كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر) دىكى مەسىھ توغرۇلۇق بېرىلگەن بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 26:56، لۇقا 24:25-27,44-46 ، ئەلچىلەر 3:8 ، 26:22،23 ، 10:43 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:3،4 ، پېتروس بىرىنچى خەت 1:10،11 )

**كونا ئەھدىدە ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشى توغرىسىدا بېرىلگەن بىشارەتلەر**

| كونا ئەھدە | مەسىھ توغرىسىكى بىشارەت | ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھ |
|---|---|---|
| يەشايا پەيغەمبەر 49:7 ، 53:3 | ئۇ كەمسىتىلىدۇ، ئۆچمەنلىككە ئۇچرايدۇ | يۇھاننا 1:11 |
| زەبۇر 35:19 ، 69:4 | كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ | يۇھاننا 15:24،25 |
| زەبۇر 41:9 ، زىكارىياھ پەيغەمبەر 11:12،13 | دوستى 30 تەڭگە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلىدۇ. | مەتتا 26:15،47،48 يۇھاننا 13:18-30 |
| زىكارىياھ پەيغەمبەر 13:7 | ھوجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن شاگىرتلىرى قېچىپ كېتىدۇ | ماركوس 14:50 |

| | | |
|---|---|---|
| يەشايا پەيغەمبەر 53:7 | باشقىلار تەرىپىدىن ئىزىلگەندە ئۈن ـ تىن چىقارمايدۇ | مەتتا 27:12 ـ 14<br>يۇھاننا 18:1 ـ 11<br>لۇقا 22:47 ـ 53 |
| يەشايا پەيغەمبەر 50:6 | ئادەملەر ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرىدۇ،<br>هاقارەتلەيدۇ، تۈكۈرىدۇ. | مەتتا 26:67، 27:26،30<br>يۇھاننا 18:22 ، 19:1 |
| يەشايا پەيغەمبەر 53:9،12 | جىنايەتچىلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ،<br>ئۆلۈشتىن بۇرۇن جىنايەتچىلەرنىڭ گۇناھىنى تىلەيدۇ. | مەتتا 27:38 ،<br>ماركۇس 15:27<br>لۇقا 22:37 ، 23:32،34 |
| زەبۇر 22:7،8 | كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ،<br>باشلىرىنى چايقىشىپ، ئۇ ئۆزىنى خۇداغا ئاتىغان ئىدى، ئەگەر خۇدا ئۇنى ياخشى كۆرسە، كىلىپ قۇتقۇزمامدۇ، دىيىشىدۇ. | مەتتا 27:39 ـ 43 |
| زەبۇر 69:21 | ئادەملەر زەھەرلىك ئۇتنى ئۇنىڭغا يىمەكلىك قىلىپ بىرىدۇ، ئۇسسىغاندا ئاچچىق سۇنى ئىچكۈزىدۇ. | يۇھاننا 19:28 ـ 30 |
| زەبۇر 22:16 ،<br>زىكارىياھ پەيغەمبەر 12:10 | پۇت قولىغا مىق سانجىلىدۇ | لۇقا 23:33 ،<br>يۇھاننا 19:31 ـ 37 |

| | | |
|---|---|---|
| زەبۇر 22:18 | ئادەملەر ئۇنىڭ تاش كىيىمىنى بۆلىشىدۇ، ئىچ كىيىمى ئۈچۈن چەك تاشلىشىدۇ. | مەتتا 27:35<br>ماركوس 15:24<br>يۇھاننا 19:23،24 |
| زەبۇر 22:1 | ئۇ «ئىلاھىم، ئىلاھىم، نېمىشقا مەندىن ئايرىلىسەن» دەيدۇ. | مەتتا 27:46 |
| ئاموس پەيغەمبەر 8:9 | ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى چۈشتە قۇياش نۇر بەرمەي، يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. | مەتتا 27:45 |
| زەبۇر 34:20 | ئۇنىڭ بىر تال سۆڭىكىمۇ سۇنمايدۇ | يۇھاننا 19:32،33،36 |
| يەشايا پەيغەمبەر 53:9 | ئۆلگەندىن كېيىن باينىڭ قەبرىسىگە دەپنە قىلىنىدۇ. | مەتتا 27:57ـ60<br>ماركوس 15:42ـ47<br>لۇقا 23:50ـ56 |
| زەبۇر 16:10 ، 110،1<br>يەشايا پەيغەمبەر 53:5،6،11،12<br>دانىيال پەيغەمبەر 9:26 | ئۇ ئىنسانلارنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ، جازالىنىدۇ، قامچىلىنىدۇ، ئۆلىدۇ، ئەمما تىنى چىرىمايدۇ، تىرىلىدۇ. | مەتتا 27،28 ، ماركوس 15،16<br>لۇقا 23،24 ، يۇھاننا 19،20<br>ئەلچىلەر 2:23،24،31 ، 3:15<br>كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:3،4 |
| زەبۇر 68:18 | ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ | لۇقا 24:50،51 |

### يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى

- يۇنۇس پەيغەمبەر بېلىقنىڭ قارنىدا ئۈچ كېچە كۈندۈز تۇردى، ئەيسا مەسىھنىڭ تىنىمۇ يەر ئاستىدا شۇنداق تۇردى.

- مۇقەددەس كىتاپنىڭ يۇنۇس پەيغەمبەر قىسمىدا ئاجايىپ بىر ئىش خاتىرلەنگەن. يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلاندۇرىشى بىلەن، خۇدانى تونۇمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان ئاسسۇرىيەنىڭ پايتەختى نىنەۋى شەھرىدىكى خەلق گۇناھىغا تۆۋە قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا خۇدانىڭ ۋەھىسىنى قوبۇل قىلغان يۇنۇس پەيغەمبەر ئۇلارغا نىنەۋى شەھىرى 40 كۈندىن كېيىن ۋەيران بولىدۇ دەپ جاكارلايدۇ. گەرچە ئەينى چاغدا يۇنۇس پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ گۇناھىغا تۆۋە قىلسا كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئەمما نىنەۋىلىكلەر پادىشادىن تارتىپ ئاددى پۇقراغىچە ھەممىسى گۇناھىغا تۆۋە قىلىدۇ. ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن خۇداغا ئىشەنمەيدىغان بۇنداق بىر خەلقتە شۇنچىلىك چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭ بىردىنبىر چۈشەندۈرلىشى : ئەينى ۋاقىتتا نىنەۋىلىكلەر چوقۇم يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھايات قالغىنىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايدۇ، ھەممە گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىپ يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش ئارقىلىق، خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

- ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: « يۇنۇس پەيغەمبەردە يۈز بەرگەن ئىشلار نىنەۋى شەھرىدىكى خەلققە بىر مۆجىزىلىك ئالامەت بولغىنىغا ئوخشاش، مەن ئىنسان ئوغلىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلارمۇ بۇ ئەۋلادقا يەنە شۇنداق مۆجىزىلىك ئالامەت بولىدۇ.» (ئىنجىل-لۇقا 11:30 ) يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ بېلىق قارنىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز تۇرىشى نىنەۋىلىكلەر ئۈچۈن بېرىلگەن بىر مۆجىزىلىك ئالامەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىكى تىخىمۇ چوڭ بىر ئىشنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر، يەنى ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىش ئارقىلىق خۇدانىڭ زامان ئاخىرىدىكلەر ئۈچۈن بىر چوڭ مۆجىزىلىك ئالامەت بېرىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر. ھەزرىتى ئەيسا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بۇ ئىبادەتخانىنى چېقىۋەتسەڭلار، مەن ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە ئۇنى قايتا قۇرۇپ چىقىمەن» (ئىنجىل-يۇھاننا 2:19) . ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىدىغانلىقىغا بىشارەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزە ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ قايتا تىرىلىشى بولۇپ، پەقەت ئەيسا مەسىھلا شۇنداق قىلالايدۇ. ئۇ

ئاسمانغا كۆتىرىلىپ مەڭگۈ ياشايدۇ. خۇددى نىنەۋىلىكلەر ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىپ قالغانغا ئوخشاش، ئەگەر ئادەم ھاياتىنى ئىنسانلار ئۈچۈن قۇربان بولۇپ ئۆچىنچى كۈنى تىرىلگەن ئەيسا مەسىھكە تاپشۇرسا، مەڭگۈلۈك ھالاكەتتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

**ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتقا مىخلانغانلىقى توغرىسىدىكى باشقا تارىخى خاتىرىلەر**

- ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەن بارلىق شاگىرتلار ئۆز ئاغزى ۋە ھاياتى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بىرىدۇ. (ئىنجىل-ئەلچىلەر 1:3،21،22 ، 4:10 ، پېتروس ئىككىنچى خەت 1:16 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 3-1:1 )
- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندىن كېيىن بىرلا ۋاقىتتا 500 دىن ئارتۇق ئېتىقاتچىغا كۆرۈنىدۇ، بۇلاردىن كۆپ قىسمى تاكى پاۋلۇس «كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت» نى يازغان ۋاقىتلاردىمۇ (مىلادى 55-يىللىرى) يەنىلا ھايات ئىدى. (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:6 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكىدەك پاكىت ئەڭ دەسلەپكى مەسىھ جامائەتچىلىرى ئېتىقاتىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ئىدى.
- يەھۇدىيلارنىڭ كىتابى «تالمۇد» تىمۇ، ئەيسانىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خاتىرلەنگەن.
- قەدىمقى رىم تارىخچىسى كورنىليۇس تاسىتۇس (Cornelius Tacitus) مىلادى 70-يىللىرى يازغان «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى» ( The Annals of Imperial Rome ) دىگەن كىتاپنىڭ 15-باب 44-پاراگىرافتا، ئەيسا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تىبىرىيەدە تۇرۇشلۇق باش ۋالىسى پونتىس پىلاتوسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ يېزىلغان.
- پەيلاسوپ فلاۋىئوس جاستىنىس مىلادى 139-يىلى ئىمپېراتور پىئوسقا يازغان خىتىدە بۇنىڭغا ئائىت خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.
- تېرتولىئان مىلادى 199-يىلى كارتاگودا يازغان خىتىدە مۇناسىۋەتلىك خاتىرلەرنى قالدۇرغان.
- ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدەك بۇ بىر تارىخى پاكىت يۈز بېرىپ 600 يىل ئىچىدە، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشنى بىلەتتى، نۇرغۇن تارىخچىلار بۇ توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرغان ئىدى.

- هالبۇكى قۇرئاندىكى مۇجمەل بايانلار بولسا 600 يىلدىن كېيىن ئاندىن يېزىلغان.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەنلىكىگە دائىر ئىسپاتلار

ماددى ئىسپات:

- ئەيسا مەسىھ كىرستكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، رىم لەشكىرى ئۇنىڭ راست ئۆلگەن ئۆلمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن نەيزە بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا سانجىيدۇ، ئۇنىڭ تېنىدىن قان بىلەن سۇ ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ ئىش ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا ئاللىقاچان جان ئۈزگىنىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 19:34)
- ئەيسا مەسىھ دەپنە قىلىنغان قەبرىدە، جەسەتنىڭ ئىز ـ دەرەكسىز يوقاپ كېتىشى، قەبرىنىڭ قۇرۇق قېلىشى، كېپەنلىك داكا، خۇشپۇراق دورىلار، قەبرە ئېغىزىنى ئېتىپ تۇرغان زور تاشنىڭ يۆتكىۋېتىلىشى قاتارلىقلار ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە ماددى ئىسپات بولالايدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 28:2 ، ماركوس 16:3،4 ، لۇقا 24:2 ، يۇھاننا 20:1 )

ئادەم ئىسپاتى:

- ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئاياللار.
- ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى
- 500 دىن ئارتۇق ئېتىقاتچىلار (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:6 )

باشقا پاكىتلار:

- يەھۇدىيلارنىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى
- قەبرىنى قوغداۋاتقان رىم لەشكەرلىرى ۋە رىمنىڭ قاتتىق ھەربى تۈزۈمى
- ئەيسا مەسىھ قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى قاتتىق قورقۇپ كېتىپ ھەتتا ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىنىمۇ يوقىتىدۇ. ئەمما ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندىن كېيىن ئۇلاردا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، خۇش خەۋەر تارقىتىدۇ، ھەتتا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، ھەرگىزمۇ ئۆز ھاياتى بىلەن ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرمەس ئىدى.

- دەسلەپكى مەسىھ جامەئەتچىلىكى بىر تۈركۈم سەممى، دىيانەتلىك، ئىخلاسمەن ئېتىقاتچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان.
- ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەيسا مەسىھكە قارشى تۇرغان كىشىلەرمۇ بۇلارنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

## ئەيسا مەسىھنىڭ نام ـ شەرىپى

ئىسلامنىڭ تەلىمى:

- ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى بولۇشتەك سالاھىيىتىنى قۇرئان جىسمانى جەھەتتىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. قۇرئاندا خۇدا پەقەت ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندىلا ئاندىن باللىق بولالايدۇ دىگەن خاتا قاراش مەۋجۇد.
- قۇرئاندا، ناسارالارنىڭ (خىرىستىيانلارنىڭ) مەسىھنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىشى خاتا دىيىلگەن (قۇرئان 9:30 ) ، قۇرئاننىڭ قارىشىچە بۇ خۇدا بىلەن مەريەم جىسمانى جەھەتتىن بىرلىشىپ ئەيسانى تۇققان دىگەنلىك بولارمىش.
- قۇرئاننىڭ چۈشەندۈرىشى بۇيىچە بولغاندا، خىرىستىيانلار خۇدانى مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا شۇ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 2:116 ، 5:17،72 ، 10:68 ، 19:88 )
- ئاللا تۇغمايدۇ، ھەم تۇغۇلمايدۇ (قۇرئان 112:3 ) ؛ ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالىسى يوق (قۇرئان 4:171 ، 6:101 ، 19:35،88،92 ، 72:3 ) ؛ ئۇ ھېچقانداق بالا بېقىۋالمىغان (قۇرئان 17:111 ، 18:4 ، 25:2 ، 39:4 ) ؛ ھېچقانداق ئىلاھ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەمەس (قۇرئان 23:91) ؛ شۇڭا قۇرئان «ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەننى ئىنكار قىلىدۇ.
- ئىنجىلدا «خۇدا جىسمانى جەھەتتىن مەريەم بىلەن بىرلىشىپ ئەيسانى تاپقان، خۇدا ئەيسا مەسىھتۇر» دەيدىغان گەپ يوق. تارىختىكى ۋە ھازىرقى ئەنئەنىۋى مەسىھ جامائەتچىلىكىدىمۇ بۇنداق قاراش ۋە تەلىم مەۋجۇد ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەممەت ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى بىدئەت دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇ ئىنجىلدىكى ۋە ھەقىقى مەسىھ ئېتىقاتىدىكى «خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن.
- ئەل مەكرىزى (Al-Makriizi) نىڭ «ئىبرىزلارنىڭ رىۋايىتى توغرىسىدا» (al-Qawial-Ibrizi) دىگەن ئەسىرىنىڭ 26 ـ بېتىدە، ۋە ئىبنى ھازىم ( Ibn

( Al_Milal Wal_Ahwa’ Wal_Nihal) «قەيەرگە بارىسىز» نىڭ (Hazm دىگەن ئەسىرىنىڭ 48 ـ بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئىسلام دىنى پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىر قىسىم بىدئەتلەر ئىسلام جامائەتچىلىكىگە ئارىلىشىپ قالغان، ئۇلار مەريەم ئانىنى بىر ئايال ئىلاھ دەپ قارىغان، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئايال ئىلاھى ۋېناسىنىڭ ئورنىغا مەريەمنى دەسسەتمەكچى بولغان. ئۇلار ئىلاھ ئىنسانلار ئارىسىدىن خوتۇن ئېلىپ بالا تاپقان دىگەندەك بىدئەت ئىدىيىلەرنى تارقاتقان.

ھەقىقى مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىمى:

- ئەيسا مەسىھ ئىنجىلدا خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتالغان.
- ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ سۈپەتلىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خۇدانىڭ جىسمانى جەھەتتىكى بالىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ نام روھى جەھەتتىكى مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ روھى جەھەتتە خۇدانىڭ ۋۇجۇدىدىن كەلگەنلىكىنى، ئەزەلدىن خۇدا بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ كالامى (سۆزى) نىڭ ئىنسان تىنىدە نامايەن بولىشى بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ تەبىئىتىدىن پارلىغان نۇردۇر. بىز ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتى ۋە سۆزلىرىگە قاراپ بىزنى ياراتقان ئاشۇ كۆرۈنمەس خۇدانىڭ قانداق خۇدا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. (ئىنجىل ـ مەتتا 3:17 ، 9:27 ، 16:16،17 ، 17:5 ، 27:54 ، ماركوس 1:1 ، 3:11،12 ، 5:7،9،11 ، 9:7 ، 15:39 ، لۇقا 1:32،35 ، 2:49 ، 3:21،22 ، 4:41 ، 23:46 ، يۇھاننا 1:18،34،49 ، 3:16 ، 5:18،20،36،38 ، 6:27 ، 8:16،18،24 ، 10:29،30،33،36،38 ، 11:27 ، 12:49، 14:10،28 ، 19:7 ، 20:28،31 ، ئەلچىلەر 8:37 ، رىملىقلار 1:4 ، كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 1:19 ، ئەفەسلىكلەر 4:13 ، كولۇسلىقلار 1:15 ، ئىبرانىلار 1:2،3،8 ، 4:14 ، 5:8 ، پېتروس ئىككىنچى خەت 1:16،17 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 3:8 ، 5:12،20 ، ۋەھىلەر 2:18 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ جىسمانى جەھەتتە دادىسى يوق بولۇپ، ئۇ مۇقەددەس روھنىڭ قۇدرىتى بىلەن مۆجىزىلىك ھالدا ھايىپتىن تۆرىلىدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 1:18 ، لۇقا 1:35 )
- قۇرئاندا مەسىھلەر ئەيسانى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىۋالغان دىيىشى ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىغان. بۇنىڭغا ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى چىققان

يەھۇدىلارنىڭ باش كاھىنى، تەۋرات موللىلىرى ۋە ئاقساقاللارمۇ گۇۋاھلىق بەرگەن (ئىنجىل-مەتتا 27:43 ) ، ئۇلارنىڭ ئەيسا مەسىھنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىدىكى تۈپ سەۋەب دەل ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى-قۇتقۇزغۇچى مەسىھ دەپ ئاتىغانلىقىدىندۇر (مەتتا 66-26:63 ، ماركوس 64-14:61 ، لۇقا 71-22:66 )

- ئىنجىلدا «خۇدا مەريەمنى خوتۇن قىلىپ، جىسمانى جەھەتتىن بىرلىشىپ، ئەيسانى تاپقان» دەيدىغان بۇنداق خاتىرە يوق.
- ئىنجىلدا مۇنداق خاتىرلەنگەن:
  - پەقەت بىرلا خۇدا بار.
  - ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىمۇ پەقەت بىرلا خۇدا بار دىگەن.
  - ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى
- ھازىرقى مۇسۇلمانلار «ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەننى قۇبۇل قىلمايدۇ، ئەمما ئۇلار كۆرسەتكەن قۇرئاندىكى ئاساسلار ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئىنجىلغىمۇ ماس كەلمەيدۇ.
- ئىنجىلدىلا ئەمەس، بەلكى تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىمۇ «ئوغلى» ، «قىزى» دىگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق جىسمانى جەھەتتىن بولمىغان مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (ھىكمەتلەر 12:4 ، يەرەمىيا پەيغەمبەر 46:11 ، مالاكى پەيغەمبەر 2:11 ؛ ئىنجىل-مەتتا 13:38 ، ماركوس 3:17 ، يۇھاننا 8:42،44 ، ئەفەسلىكلەر 1:2،3 ) .

قۇرئاندىمۇ «ئاتا» ،«ئوغۇل» دىگەندەك سۆزلەر بىلەن جىسمانى جەھەتتىن بولمىغان بىر قىسىم مۇناسىۋەتلەرنى سۈپەتلىگەن ئەھۋال مەۋجۇد. مەسىلەن:

- ساياھەتچىنى «يول ئوغلى» دەپ ئاتىغان. (قۇرئان 2:177 )
- مۇھەممەتنىڭ تاغىسى ئابدۇل ئۇززانى «ئوت يالقۇنىنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتىغان. (قۇرئان 111:1 )
- مۇھەممەتنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئەلى ئەبۇتۇراب دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەنىسى «چاڭ توزاننىڭ ئاتىسى» دىگەنلىك ئىدى.
- گەرچە كۆپ قىسىم يەھۇدىلار «ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەننى قۇبۇل قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى مۇھەممەت ۋە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئۇنداق بۇرمىلانغان خاتا ھالەتتە ئەمەس.

**مۇقەددەس كىتاپتا نۇرغۇن ئادەملەر خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتالغان، شۇڭا ئەيسانىڭ خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. راست شۇنداقمۇ؟**

- ئەيسا مەسىھ تەۋراتتا دېيىلگەن «ئىلاھنىڭ بالىلىرى» دىن پەرقلىنىدۇ.
- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ «يېگانە ئوغلى» دەپ ئاتالغان. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 1:14 ، 3:16،18 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 4:9 )
- «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەن نام بەزىدە «مەسىھ»(قۇتقۇزغۇچى) دېگەن نام بىلەن تەڭداش مەنىدە كەلگەن. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 1:49 ، 11:27 ، 20:30،31 ، مەتتا 16:16 )
- ئىنجىلدا «ئاتا» ، «ئوغۇل» دېگەن سۆزنىڭ كۆپ قېتىم بىر يەردە كېلىشى ئارقىلىق، ئەيسا مەسىھ ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ خۇدا بىلەن ماھىيەت جەھەتتە بىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەزى ئىقتىدارلىرى ۋە نام شەرىپىمۇ ئۇنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ جەھەتلەردە ئۇ خۇدانىڭ باشقا «بالىلىرى» بىلەن قەتئىي ئوخشىمايدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 10:30ـ33 ، 3:35 ، 5:19ـ27 ، 6:27 ، 14:13 ، ماركوس 13:32 ، مەتتا 23:9،10 )
- يەھۇدىيلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇلار بۇنى كۇپۇرلۇق دەپ قارىغاچقا ئەيسا مەسىھنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. «تەۋرات قانۇنى بويىچە، ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىق» (ئىنجىل ـ يۇھاننا 19:7 )
- ئەيسا مەسىھ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىنى چەكلىمەيدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 14:25ـ33 ، ماركوس 5:6ـ7 ، يۇھاننا 20:26ـ29 )
- ھەر قېتىم ئەيسا مەسىھ ئۆزى بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئالغاندا، «مېنىڭ ئاتام» دەپ ئاتايدۇ، ئەمما ئۇ شاگىرتلىرىغا ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، «سىلەرنىڭ ئاتاڭلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى شاگىرتلىرى ۋە ئېتىقاتچىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ خۇدانى «بىزنىڭ ئاتىمىز» دەپ ئاتاپ باقمىغان.
- يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ. مەيلى ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى بولسۇن، ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدى ئارقا

كۆرۈنۈشكە ئىگە ئادەملەر ئىدى. يەھۇدىلارنىڭ چۈشەنچىسىدە «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەنلىك ئۆزىنى خۇدا بىلەن باراۋەر دېگەنلىك بولاتتى. ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانى «ئاتا» ياكى «ئاتام» دەپ ئاتىشى ئىنجىلدا 104 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

### ھەزرىتى ئەيسا «مەسىھ» دەپ ئاتالغان

- قۇرئاندىمۇ پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىلا «مەسىھ» دەپ ئاتىغان. (قۇرئان 3:45 ، 4:157،171،172 ، 5:17،72،75 ، 9:30،31 )
- ئەمەلىيەتتە بۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. چۈنكى كونا ئەھدە (تەۋرات) ۋە يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) نىڭ ھەممىسىدە «مەسىھ» دېگەن بۇ نام ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېلىدىغان مەسىھ قىلىنغۇچى يەنى ئاخىرقى قۇتقۇزغۇچىغا قارىتىلغان. (دانىيال پەيغەمبەر 9:25 ، مەتتا 22:42 ، 26:63،64 ، ماركوس 14:61،62 ، لۇقا 9:20 ، 24:25،26،46،47 ، يۇھاننا 1:41 ، 4:25،26 ، 7:27،41،42 ، 10:24،25 ، 12:34 ، پېتروس بىرىنچى خەت 1:10،11 )
- ئىنجىلدا، ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى «مەسىھ» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. (لۇقا 4:18،19 ، يەشايا پەيغەمبەر 61:1،2 )

### ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ سۆزى (كالامى) دەپ ئاتالغان

- قۇرئاندا، ئەيسا ئاللادىن چىققان بىر كەلىمە سۆز دېيىلگەن. (قۇرئان 3:45 )
- ئەيسا ئاللانىڭ مەريەمگە بەرگەن بىر كەلىمە سۆزىدۇر. (قۇرئان 4:171 )
- ئەيسا ھەق سۆزدۇر. (قۇرئان 19:34 )
- قۇرئاندا ھەزرىتى ئەيسادىن باشقا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنى (جۈملىدىن مۇھەممەتنى) خۇدانىڭ سۆزى (كالامى) دېمىگەن.
- قۇرئاندىكى بۇ ئايەتلەر ۋاستىلىق ھالدا مەسىھ ئېتىقادىدىكى «ئۈچ بىرلىك» نى نامايەن قىلىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ سۆزى يارىتىلغان مەۋجۇدات بولماستىن بەلكى خۇدانىڭ ماھىيىتىدىن چىققان بولىدۇ.
- ئىنجىلدا مۇنداق دەيدۇ: ئەيسا مەسىھ ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغان كالامدۇر (يۇھاننا 1:1،14 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 1:1 ) ، ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ

كالامىنىڭ ئىنسان ھالىتىدە يەر يۈزىگە كېلىشى، ئۇ ئىنسانلارنى قۇتقۇزماقچى. (گالاتىيالىقلار 4:4،5 )

- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى، ئۇ خۇدانىڭ سۆزى ۋە ئىرادىسىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرىدۇ. (ئىبرانىلار 1:1،2 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ يەنە بىر نامى «خۇدانىڭ كالامى» دۇر. (ۋەھىلەر 19:13 )

**ئەيسا مەسىھ ۋە مۇقەددەس روھ**

- قۇرئاندا، ئاللا ئۆزىنىڭ روھىنى مەريەمنىڭ تېنىگە پۈلەپ كىرگۈزىدۇ، ئۇ مەريەم بىلەن ئەيسانى دۇنياغا بىشارەت قىلىپ بېرىدۇ. (قۇرئان 21:91 ، 66:12 )
- ئەيسا ئاللادىن چىققان روھتۇر. (قۇرئان 4:171 )
- قۇرئاندا، ئەيسا پەيغەمبەردىن باشقا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنى (جۈملىدىن مۇھەممەتنى) خۇدادىن چىققان روھ دېمىگەن.
- ئاللا روھىلقۇددۇس بىلەن ئەيسانى يۆلەيدۇ. (قۇرئان 2:87،253 ، 5:110 )
- قۇرئاندىكى بۇ ئايەتلەر ۋاستىلىق ھالدا مەسىھ ئېتىقادىدىكى «ئۈچ بىرلىك» نى نامايەن قىلىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ روھى يارىتىلغان ئايرىم مەۋجۇدات بولماستىن، بەلكى خۇدانىڭ ماھىيىتىدىن چىققان بولىدۇ.
- ئىنجىلدا، مۇقەددەس روھ مەريەمگە چۈشىدۇ، مەريەم ھامىلدار بولۇپ، ھەزرىتى ئەيسانى تۇغىدۇ. پەرىشتە بۇ مۇقەددەس پەرزەنتنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ ـ دەپ جاكارلايدۇ. (لۇقا 1:35 )
- مۇقەددەس روھ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. (لۇقا 3:22 ، 4:18 )
- بۇ كونا ئەھدە (تەۋرات) تىكى «پەرۋەردىگار خۇدانىڭ روھى مىنىڭ ۋۇجۇدۇمدا» دېگەن بىشارەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدۇر.
- ئەيسا مەسىھ ئادەملەرنى مۇقەددەس روھ بىلەن چۆمۈلدۈرىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 1:33 )
- ئەيسا مەسىھ ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەمگە مۇقەددەس روھنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 7:39 )
- ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىغا مۇقەددەس روھنى ئەۋەتىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 14:16،26 ، 15:26 ، 20:21،22 )
- ئەيسا مەسىھ ئەلچىلەرنىڭ مۇقەددەس روھ بىلەن چۆمۈلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئەلچىلەر 1:4،5 )

- مۇقەددەس روھ ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرىنى شاگىرتلارنىڭ سەمگە سالىدۇ، ئۇلارغا ھەممىنى ئۆگىتىدۇ. (ئىنجىل 14:26 ، 16:13،14 )
- مۇقەددەس روھنىڭ يىتەكچىلىكىدە كىشىلەر ئەيسانى رەببىم دەپ ئاتايدۇ. (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 12:3 )

**خۇدانىڭ كالامىنىڭ (سۆزىنىڭ) ئىنسان تىنىدە كېلىشتىكى مەقستى**

- بىر قىسىم مۇسۇلمانلار خۇدانى ئاسمانىنىڭ قەرىدە تۇرىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىر، ئۇنىڭ ئۆزىنى پەسلەشتۈرۈپ ئادەم بولۇپ ئارىمىزغا كېلىشى، ئازاپ-ئوقۇبەت تارتىشى، ھاقارەتلىنىشى، جازالىنىپ ئۆلتۈرىلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار كىرستىنى خۇدانىڭ مەغلۇبىيىتىگە، خۇدانىڭ پەيغەمبەرنى تاشلىۋەتكەنلىكىگە سىمۋۇول قىلىنغان دەپ قىياس قىلىشىدۇ.
- بۇ خىل قاراش ئەمىلىيەتتە قۇرئانغىمۇ ماس كەلمەيدۇ، چۈنكى قۇرئاندا بۇرۇنمۇ ئادەملەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى خاتىرلەنگەن. (قۇرئان 2:61،87،91 ، 3:21،112،181،183 ، 4:155 ، 5:70 )
- مەسىھلەر خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىغا ئىشىنىدۇ ھەم بۇنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، چۈنكى خۇدانىڭ سۆزى بىۋاستە ئىنسان بولۇپ ئارىمىزغا كەلگەن، بىز بىلەن بىرگە بولغان، پاراڭلاشقان، بىز ئۇچۇن ئۆلۈپ تىرىلگەن.

**مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ «كالامىنىڭ تەنگە ئايلىنىشى» توغرىسىدىكى تەلىمى**

- خۇدا پاكتۇر، ئۇ گۇناھنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا گۇناھنىڭ قەرزى چوقۇم قايتۇرىلىشى كىرەك.
- ئىنسانلار گۇناھ ئۆتكۈزدى، شۇڭا چوقۇم بۇ گۇناھنىڭ قان-قەرزىنى قايتۇرۇش كىرەك.
- پەقەت خۇدادىلا پۈتكۈل ئىنسانىنىڭ گۇناھىنى يۇيالايدىغان قۇدرەت بار، چۈنكى پەقەت خۇدالا گۇناھسىز پاكتۇر.
- شۇڭا ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇدىغان بىردىنبىر ئامال، خۇدانىڭ سۆزى (كالام) ئادەم بولۇپ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىپ، ئادەملىك سالاھىيتىدە قۇربانلىق بېرىپ، گۇناھنىڭ قان-قەرزىنى قايتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى خۇدا بىلەن قايتا ياراشتۇرۇشتۇر.

خۇدانىڭ ئادەم بولۇپ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىشتىكى سەۋەبى يەنە :

- بىزنى ياراتقان ئاشۇ خۇدانىڭ قانداق خۇدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن.

- بىزگە قانداق ياشاشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن.
- بىزنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىمىزنى تەڭ كۆتىرىش ئۈچۈن.

ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ تەبىئىتىدىن پارلىغان نۇر بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە ئىلاھتۇر. خۇدا ئۇنىڭغا بەدەن تەييارلىدى (ئىبرانىلار 10:5 )، ئۇ مۇقەددەس روھتىن ھامىلدار بولۇپ، بۇ دۇنياغا ئادەم شەكلىدە كەلدى، ئۇ خۇدا ئاتىسىنىڭ ئوبرازىنى ئىنسانلارغا ئايان قىلدى. (يۇھاننا 1:17،18 ، ئىبرانىلار 1:1-3 ، 10:5 )

**ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا قۇربانلىق بېرىشى تۆۋەندىكى مەقسەت ئۈچۈن :**

- ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا كىلىشى، ئۆزىنىڭ پاك قېنى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى يۇيۇپ، ئۇلارنى رەزىل شەيتاننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. (مەتتا 1:21 ، 9:13 ، ماركوس 10:45 ، لۇقا 19:10 ، يۇھاننا 1:29 ، 3:17 ، 4:42 ، 12:47 ، گالاتىيالىقلار 3:13 ، 4:4،5 ، تىموتى بىرىنچى خەت 1:15 ، تىتوس 2:14 ، ئىبرانىلار 2:9،14،15 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 1:7 ، 4:10،14 ، ۋەھىيلەر 1:5 )
- ئادەملەرنى خۇدانىڭ ئالدىغا باشلاپ كىلىپ، خۇدا بىلەن ئىنسانلارنى ياراشتۇرۇش، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ ھىسابىنى كۆتىرىۋېتىش ئۈچۈندۇر. (پېتروس بىرىنچى خەت 3:18 ، كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 5:19 )
- ئېتىقاتچىلارغا ئۈلگە بولۇپ، مېھرى-مۇھەببەتنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن. (يۇھاننا 3:15-17 ، فىلىپىلىكلەر 2:5 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 11:1 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا كىلىشى خۇدانىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەرگەن ئالاھىدە شەپقىتىدۇر (كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 8:9 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر (ئەلچىلەر 2:23،24 ) . ئۇنىڭ ھاياتىنى باشقىلار تارتىۋالمىغان، بەلكى ئۆزى رازى بولۇپ قۇربان قىلغان. ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش ۋە قايتۇرۇۋىلىش ھوقوقى بار. بۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر. (يۇھاننا 10:17،18 )
- كىرستتىكى قۇربانلىق مەغلۇبىيەت ئەمەس، ئەيسا مەسىھ چوقۇم قۇربان بولىشى كىرەك، شۇنداق بولغاندىلا شەيتاننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى، ئىنسانلارنى

گۇناھ ۋە ئۆلۈمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر.

بىز ئادەملەردىكى تولىمۇ تار بولغان ئىلاھىيەت قارىشىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، قۇدرەتلىك خۇدانىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىغا چەكلىمە قويساق بولمايدۇ. چۈنكى:

- ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتىكى قۇربانلىقى، ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ئادەملەر ئۈچۈن تولىمۇ ئەخمىقانە تۇيۇلىدۇ، ئەمما ئۇ قۇتقۇزۇلغانلار ئۈچۈن ئىېتقاندا خۇدانىڭ زور قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 1:18،23 )
- قەلبىدە خۇدانىڭ روھى بولمىغان كىشىلەر مۇقەددەس روھنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارغا بىمەنە تۇيۇلىدۇ. ئەمما قەلبىدە خۇدانىڭ روھى بار ئادەملەر ئۇنى كۆرۈپ تىگىگە يىتەلەيدۇ. (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 2:14 )
- خۇدانىڭ ئوي-پىكرى ۋە يولى ئىنسانلارنىڭكىدىن كۆپ يوقىرى تۇرىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 55:8،9 )
- خۇدانىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىلىم-ھىكمىتى چوڭقۇردۇر، ئۇنىڭ ھۆكۈمىنى پەرەز قىلماق تەس، يۇلىنى چۈشەنمەك قىيىندۇر. (رىملىقلار 11:33 )